UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

29.12.2020 – 21.12.2020


تەييارلىغۇچىلار : م. تەكرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەمەتئېلى مەمەتئىمىن
: نىجات مەمەت

تەھرىرلەر: : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسبان



12 - سان
30/12/2020


https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى: ھەپتىلىك تەرەققىياتلار، ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر

(29.12.2020 —21.12.2020)

**تەييارلىغۇچى : م . تەڭرىقۇت**

2020 ـ يىلى ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى قايسى نۇقتىغا كەلدى؟

بۇ يىل ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە كەلدى. يىرىكلىشىش كۆپ تەرەپتىن بولغان بولۇپ ئاساسلىق مۇھىم تەرەپلەرنى تۆۋەندىكىلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ:

1. خىتايدىن تارقالغان ۋىرۇس
2. سودا ئۇرۇشىنىڭ داۋامى
3. G5 تور تېخنىكىسى
4. شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى .

بۇ ھەقتە خىتاي تەتقىقاتچىسى ئېلىزابېت C. بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ترامپ ھۆكۈمىتى قالدۇرۇپ كەتكەن سىياسەتنى ئاساسلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇناسىۋەتنى ياخشىلايمەن، دېسە، خىتايغا قارشى يۇمشاق بولۇش بىلەن ئەيىپلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستان بىلەن بولغان «تۆتلۈك» ئىتتىپاقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەيۋەن ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان ئەمەلدارلارنى

جازالاش قاتارلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن «بايدىنىنىڭ ترامپتىن قېپقالغان خاتالىقلارنى تۈزىشى پەقەت دەسلەپكى 100 كۈن ئىچىدىلا ياخشى بولىدۇ. لېكىن، بايدىن ئۈچۈن ھەقىقى سىناق قېپقالغان كېيىنكى 1360 كۈندە نېمە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر». (Elizabeth C. Economy)

بۇنىڭدىن باشقا، ترامپنىڭ ۋىرۇس سەۋەبلىك خىتاينى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى ئەيىبلىشى ئامېرىكىدا خىتايغا قارشى كۈچلۈك سەلبىي كۆز قاراشنىڭ ئۇتتۇرىغا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. Pew Research Center. نىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 73% ئامېرىكىلىقنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى سەلبىي بولۇپ چىققان.

خىتايدا بولسا، ۋىرۇسنىڭ تېز بىر تەرەپ قىلىنىشى، ترامپنىڭ قەستەن «خىتاي ۋىرۇسى» دەپ ئاتىشى خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئامېرىكا دۈشمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خىتاي مېدىيالىرى ئامېرىكىنى دۈشمەن، دەپ كۆرستىشكە باشلىغان ۋە ئامېرىكىلىق مۇخبىرلار خىتايدىن قوغلانغان. ئامېرىكىنىڭ سەھىيە ۋە ساغلاملىق جەھەتتە دۇنيا مىقياسىدا رەھبەرلىك قىلالماسلىقى ۋە خىتايغا بولغان ئەيىبلەش خاراكتېردىكى پوزىتسىيىسى ھەتتا لىبىرال خىتايلارنىمۇ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئۆز-ئارا تايىنىشچانلىقنى ئازايتىشنى تەشەببۇس قىلىشقا مەجبۇرلىغان. بۇ يىل خىتايلارنىڭ ئامېرىكىغا بولغان سەلبىي كۆز قارىشىمۇ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە چىققان. (Yanzhong Hunag)

بۇنىڭدىن باشقا، خوڭكوڭ مەسىلىسى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يىرىكلەشتۈرۈۋەتتى. خىتاي ئۆزىنىڭ غەرب دۇنياسى بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ دېمكراتىيەنى دەپسەندە قىلدى. گەرچە خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئورنى بۇنىڭ بىلەن يۇقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي خەلقىنىڭ دېموكراتىيە چۈشى ئاخىرلاشتى. (Jerome A. Cohen).

يەنە 2020- يىلىدا خىتايغا پەن - تېخنىكا جەھەتتە كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. ئامېرىكا خىتايغا مۇھىم بولغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ پارچىلارنى سېتىشنى ۋە باشقا تېخنىكىلارغا ئېرىشىشنى چەكلەندى. بۇنىڭ بىلەن باشقا دۆلەتلەرمۇ خىتاينى چەكلەشكە باشلىدى. شۇنداقلا، ترامپ يەنە خىتاينىڭ باشقا يۇمشاق دېتال تەرەققىي قىلدۇرۇش شىركەتلىرىنىمۇ ئامېرىكىنىڭ تېلېفون ئەپ بازارلىرىدىن چەكلەشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي بۇنىڭغا قارىتا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ چەتئەل بازىرى ۋە تېخنىكىسىغا بولغان تايىنىشچانلىقىنى ئازايتىشنى ئاساس قىلغان ستراتېگىيەنى يولغا قويدى. خىتاي بۇ ساھەگە ناھايىتى زور مەبلەغ سالماقتا، شۇنداقلا تەيۋەندىن ئىقتىساسلىقلارنى سېتىۋېلىش، تەيۋەننىڭ ئۆزەكچە (Chip) ياساش تېخنىكىسىغا خاككىرلىق ھۇجۇمى قىلىش ۋە توردىكى ئېچىۋېتىلگەن تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانماقتا. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ساھەدۇر. (Adam Segal)

ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىۋەتكەن يەنە بىر ئامىل بولسا خىتاينىڭ تاشقى سىياسەتتىكى قوپاللىقى ۋە يولسىزلىقى، يەنى «بۆرە دىپلوماتىيەسى» دۇر.

1. كانادا خۇڭكۇڭلۇق دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلغۇچى نامايىشچىلارنىڭ كانادادا پاناھلىق تىلىسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشى بىلەن، خىتاينىڭ كانادادىكى ئەلچىسى سۇڭ پېيۋۇ خۇڭكۇڭدىكى كانادا پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن تەھدىت سالدى.
2. خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى ئەلچىسى لىيۇ شياۋمىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى خەۋەر قىلغان مۇخبىرنى نومۇسسىزلارچە تەنقىد قىلدى.
3. خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جاۋ لىجيەن تىۋىتتېردا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە خىتاي ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە يالغان ئۇچۇر تارقاتتى.

خىتاي رەھبەرلىرى توختىماستىن تىنچلىق، يېقىن دوستلۇق ۋە دۇنيانىڭ ئورتاق تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يۇقارقى شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى خىتاي دۆلىتىنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئوبرازىغا ئايلاندى.

خىتاي نېمە ئۈچۈن بۇ خىل تاشقى سىياسەت يۈرگۈزىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن:

1. خىتاي دۆلىتى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى دۇنياغا جاكارلىيالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە بۇ خىل كۈچىنى ئاشۇرۇش.
2. خىتاي رەھبىرلىرى بۇ خىل قاتتىق، قوپال ۋە مىللەتچىلىك يۈرىقى كۈچلۈك تاشقى سىياسىتىنى دۆلەتنىڭ يېڭى قولغا كەلتۈرگەن خەلقئارالىق كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىشقا پايدىلىق، دەپ قارايدۇ.

3. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا «زاۋاللىققا يۈزلەنگەن» «دۈشمەن كۈچ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى، خىتاينىڭ بۇ خىل سىياسەت ئېلىپ بېرىشىغا ئاساسلىق سەۋەپ بولغان.
4. بولار شى جىنپىڭنىڭ دىكتاتورلارچە قەھرىمانلىق سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ 2013- يىلىدىكى بىر ئىچكى نۇتۇقىدا، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى نېمىشقا يىقىلغان؟ دېگەن سوئالغا، «ھېچكىم ئادەمدەك بولالمىغان، ھېچكىم مەيدانغا چىقىپ كۈرەش قىلمىغان»، دېگەن.

لېكىن ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ بۇ خىل تاشقى سىياسىتى ئۈمىد قىلغاندەك نەتىجە بەرمىدى. خىتاي بىلەن جىبدەللىشىۋاتقان دۆلەتلەر خىتايدىن قورققاندەك كۆرۈنمەيدۇ. ئەكسىچە ئامېرىكا، ھىندىستان ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان كۆز قارىشى تولىمۇ سەلبىي تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. (Julian Gewrtz)[1]

خىتاينىڭ 2020- يىلىدىكى بۇ زىددىيەتلەر بىلەنلا قالماي يەنە ئالدىمىزدا تېخىمۇ قىيىن دىپلوماتىك سىناقلارغا ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۈچ خىل بولۇپ، بىرى، ۋىرۇس نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرنىڭ خىتاينى ئەيىپلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئىككىنچىسى بولسا، خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان زىددىيىتى، ئۈچىنچىسى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بىلەن داۋاملىق ئېشىپ بېرىۋاتقان زىددىيەتتىن ئىبارەت.

[1]Elizabeth C. Economy, Yanzhong Huang, Jerome A. Cohen, Adam Segal, and Julian Gewirtz , "How 2020 Shaped U.S.-China Relations", Council of Foreign Relations, 15.12.2020 https://www.cfr.org/article/how-2020-shaped-us-china-relations

نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋىرۇستىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىگە قاراپ چىققان ۋە خىتايغا بولغان ئىقتىسادىي بېقىندىلىقىنىڭ ئاقىۋىتى، شۇنداقلا ئامېرىكا باشچىلىق قىلغان لىبىرال دۇنيا سىستېمىسىدىكى خىتاينىڭ رولى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغان. خىتاينىڭ بارغانسىرى ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېرىكلىشىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلگەن. مىلبورن ئۇنىۋېرسىتېتى خىتاي سىياسىتى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسى Pradeep Taneja ، ئەگەر خىتاي بۇرۇنقى نەچچە يىلغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى گاسلارچە زورلاپ تاڭسا، شۇنداقلا دىپلوماتلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى دىپلوماتىيە جەھەتتىكى قوپاللىقىنى داۋاملاشتۇرسا دۇنيا مىقياسىدا خىتايغا قارشى سەلبىي كۆز قاراشنىڭ ئېشىپ ماڭىدىغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويغان.

Pew Research نىڭ 10 ـ ئايدىكى دوكلاتىغا قارىغاندا، ئىسپانىيە، كانادا، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، كورىيە ۋە شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە خىتايغا بولغان سەلبىي قاراش يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ناۋادا ئامېرىكا رەھبەرلىك سەھنىسىدىن چېكىنگەن تەقدىردىمۇ، خىتايچە دۇنياۋى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە ۋىرۇسنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى خاتالىقى ۋە ئۇچۇرلارنىڭ قامال قىلىنىشى (يالغانچىلىقىنى دىمەكچى) خىتاينىڭ ئوبرازىنى خۈنۈكلەشتۈرگەن.[2]

ئامېرىكا تەرەپ خيۇستوندىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ قايتا ئېچىلىش ياكى ئېچىلماسلىقى ئامېرىكىنىڭ قارارىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

[2]Sarah Zheng, “After a difficult year, China faces more foreign policy challenges ahead”, South China Morning Post, 27.12.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3115259/after-difficult-year-china-faces-more-foreign-policy

كونسۇلخانىنىڭ تاقىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى جاسۇسلۇق بولۇپ، مايك پومپېيو بۇ يەرنى « جاسۇسلۇق ۋە ئەقلىي مۈلۈك ئوغۇرلۇقنىڭ بازىسى» دەپ جاكارلىغان. خىتاي بۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن چېڭدۇدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنى تاقىغان ئىدى.

ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كونسۇلخانا تېكساستىكى تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە شىركەتلەرنىڭ تېخنىكىلىرىنى ئوغۇرلاپ خىتايغا يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن ۋە خىتاي ھەربىيلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، تەتقىقاتچى سىياقىغا كىرىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدىكەن. خىتاي تەرەپ بولسا يەنىلا كونا گېپىنى تەكرارلاپ، بۇ ئەيىبلەشلەر بىمەنە، خىتاي كونسۇللىرىنى جاسۇسلۇق قىلدى، دېيىش، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىق، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن.[3]

خىتاي تەرەپ بايدىن ھۆكۈمىتىگە قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەن بولۇپ، پەقەت بايدىن غەلىبە قىلىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن شى جىنپىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ قارشىلىششىنىڭ ئورنىغا ھەمكارلىششىنى، ئۆز - ئارا مەنپەت يەتكۈزۈش ۋە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدۇ، دېگەندەك مەزمۇندا تەبرىكلىگەن. فۇدەن ئۇنىۋېرسىتىتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىدىن پروفېسسور شىن يى خىتايلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بايدىندىن قىسقا مەزگىلدە خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغانلىقى خام خىيالدا بولماسلىقنى سۆزلىگەن.

[3]Zheng Sarah, “Reopening of China consulate in Houston would be up to the US, former envoy says”, South China Morning Post, 23.12.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3115076/reopening-china-consulate-houston-would-be-us-former-envoy

خىتاي ئامېرىكىنىڭ يەنىلا دۇنيانىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، لېكىن ئۇنى ئاجىزلاۋاتقان كۈچ، دەپ قارايدۇ. تەخمىنلەرگە قارىغاندا، يەنە 10 يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ GPD سى ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ھازىر شەرقىي ئاسىيا رايونىدا خىتاينىڭ تەسىر كۈچى ئامېرىكىدىن كۈچلۈك. خىتاي پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى. بۇ ھەقتە، سىنگاپور باش مىنىستىرى لى شيەنلۇڭ ۋە ئاۋستralىيە باش ۋەزىرى سكوت مورىسسون، رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكا ۋە خىتاي ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى تاللىمايدىغانلىقىنى ، ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. گەرچە خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچى ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئۆزىگە قارىتا ئىجابىي پىكىر ھاسىل قىلىش تىرىشچانلىقى زور دەرىجىدە بەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچى خىتايغا يەنىلا غايەت زور تەسىر كۈچ ئاتا قىلغان بولۇپ، RCEP بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. بۇ پەقەت قىممەت قاراشتىكى ئۇستۈنلۈكنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. [4]

خىتاي كارخانىلىرىنىڭ كۈچى قانچىلىك ؟ قانداق باشقۇرىلىدۇ؟خىتاي ئىستېمال بازىرىنىڭ ھەجىمىچۇ؟

بۇ ھەقتە ئامېرىكا تەتقىقات مەركىزى CSIS چۇڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

خىتاينىڭ ئىقتىسادى كۈچىنىڭ ئېشىشى بىلەن بىرگە خىتايدا نۇرغۇنلىغان كارخانىلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۈچى كۈنسېرى ئاشماقتا. زادى

[4]Bert Hofman, “Commentary: US-China relations - age of engagement comes to a close”, CNA,26.12.2020 https://www.channelnewsasia.com/news/commentary/us-china-relations-end-engagement-cold-war-biden-trump-xi-trade-13776008

قانچىلىك كۆچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى 500 كۈچلۈك كارخانا كاتېگورىيەسىگە قاراپ باقسا تېخمۇ ياخشى بىلگىلى بولىدۇ. 2008- يىلىدا 500 كۈچلۈك كارخانا ئىچىدە 29 ختاي كارخانىسى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەبلىغىنى توپلىغاندا جەمئىي 1.1 تىرىلىيون دوللار ئىدى، ۋە بۇ 500 كارخانىنىڭ پۈتۈن مەبلىغىنىڭ 5% نى تەشكىل قىلاتتى. 2020 -يىلىدا بولسا 500 كۈچلۈك كارخانانىڭ 124 ى ختاينىڭ كارخانىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 8.3 تىرىلىيون دوللار مەبلەغكە ئىگە. بۇ مەبلەغ 500 كۈچلۈك كارخانا مەبلىغىنىڭ 25% نى ئىگەللەيدۇ.

ختاي كارخانىلىرىنىڭ كۈچىيشى بىلەن باشقا كارخانىلار بۇ تىزىملىكتىن چۈشۈپ قېلىشقا باشلىغان. 2008 - يىلىدا 64 كارخانىسى 500 كۈچلۈك كارخانانىڭ ئىچىگە كىرگەن ياپونىيە بۇ يىل بۇ ساندا 53 كە چۈشۈپ قالغان. ئامېرىكا يىللاردىن بېرى بۇ كارخانىلار تىزىملىكىدە ئىزچىل ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ يىل 121 كارخانىسى بىلەن تۇنجى قېتىم ختاينىڭ ئارقىسىدا قالغان. لېكىن ئومۇمي مەبلەغ جەھەتتە 9.8 مىليارد دوللار بىلەن يەنىلا ختاينىڭ ئالدىدا.

ختاينىڭ يېرىمدىن كۆپ كارخانىسى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ساھەگە مەركەزلەشكەن:

1. پۇل-مۇئامىلە، 21.8%
2. ئېنېرگىيە، 18.6%
3. ھەرخىل ماتېرىياللار، 12.1%

دۇنياۋى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ 23 ى ماتېرىيال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ ، بۇ كارخانىلارنىڭ 15 ى ختاينىڭ ئىكەن.

يۇقىرى يەن - تېخنىكا جەھەتتىن بولسا، خىتاينىڭ بەش كارخانىسى بۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن بىلەن، دۆلەتلەر بويىچە ھېسابلىغاندا تۆتىنچى ئورۇندا بولغان. دۆلەتلەر قاتارىدا 12 كارخانىسى بىلەن ئامېرىكا بىرىنچى ئورۇندا، ياپونىيە يەتتە كارخانىسى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا، تەيۋەن بولسا، ئالتە كارخانىسى بىلەن ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان. خىتاينىڭ بۇ بەش كارخانىسىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 291.9 مىليارد دوللار بولۇپ، ئەڭ چوڭ شىركىتى خواۋېينىڭ مەبلىغى 124.3 مىليارد دوللار. ئامېرىكىنىڭ پەقەت ئالما شىركىتىنىڭلا 260.2 مىليارد دوللار مەبلىغى بولۇپ بۇ ساھەدە خىتاينىڭ كۆپ ئالدىدا.

لېكىن خىتاينىڭ 500 كۈچلۈك كارخانا ئىچىگە كىرگەن كارخانىلىرىنىڭ 73% ى خىتاي دۆلىتىدىن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ، بۇ كارخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنى پارتىيەنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەزكۇر كارخانىلار ئىچىدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بۇ كارخانىلارنىڭ لىدېرلىرى خىتاي مەركىزى كومىتېتى ئورۇنباسار ئەزالىرىنىڭ 10% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كومپارتىيە بۇ كارخانىلارنى بىر بەلباغ بىر يول، قاتارلىق دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا باشلاپ كىرىشكە ساھىپ بولىدۇ.

كومپارتىيە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىگەللەپلا قالماستىن، يەنە شى نىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى شۇئارى بىلەن يەنە شەخسىي كارخانىلاردىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتمەكتە. مەسىلەن، 2019 - يىلى خاڭجۇدا ئالى بابا، Geely Holdings ۋە ۋاخاخا قاتارلىق 100 شەخسى كارخانىغا دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئەۋەتكەن.

خىتاينىڭ بۇنىڭدىن باشقا تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئايرىغان مەبلىغى 2017 ـ يىلىدا 444.8 مىليارد دوللار بولۇپ پەقەت ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. خىتاي يەنە غايەت زور مەبلەغ بىلەن چەتئەلنىڭ Volvo, Lenovo Geely , قاتارلىق داڭلىق ماركىلىق كارخانىلىرىنى سېتىۋالماقتا.

خىتاينىڭ ئىچكى ئىستېمال بازىرىمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بازىرى بولۇپ، ئوتتۇرا قاتلام سىنىپنىڭ كۆپىيىشى بىلەن خىتاي بازىرى دۇنياۋى قىممەت داڭلىق ماركىلار ئىنتىلىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن، خىتاينىڭ يۇقىرى قىممەت باھالىق بۇيۇملار ئىستېمالى بازىرىدىكى ئۈلۈشى 2008 ـ يىلىدىكى 4% تىن 2018 ـ يىلى 33% كە چىققان. خىتاي ئىستېماللارنىڭ ئىشتىھاسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى بىلەن تور ئېلانچىلىق كەسپىمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 2018 ـ يىلى 65.4 مىليارد دوللارغا يېتىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ بۇ ساھەدىكى ئۈلۈشىنىڭ 23.1% نى ئىگەللىگەن.[5]

## ھەپتىلىك تەرەققىيات ھەققىدە مۇلاھىزە

خىتاينىڭ تاشقى سىياسەتتىكى قوپال ۋە بېشەملىكى، شۇنداقلا خىتايدىن تارقالغان ۋىرۇس ۋە بۇ ھەقتە خىتاينىڭ سەممىي بولماسلىقى، خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنى زور دەرىجىدە چۈشۈرگەن. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ھەققىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشكارىلىنىۋاتقان جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق خەۋەرلىرى، دۇنيانىڭ خىتايغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرماقتا. لېكىن، ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ ئىشەنچ ، قىممەت قاراش ۋە تۈزۈم جەھەتتىكى جەلپكارلىقى خىتاينى يالغۇزلاشتۇرۇش ياكى ئۇنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن

[5]China Power, “How Doniant are Chinese Companies Globally?”, CSIS, 28.12.2020 https://chinapower.csis.org/chinese-companies-global-500/#:~:text=As%20of%20mid-2019%2C%20Huawei,global%20leader%20in%205G%20technology.

يېتەرلىكمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى دۆلەتلەر ھەر زامان ئۆز
مەنپەئەتىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە بۇ مەنپەئەتنىڭ ئىچىدە ئەڭ
ھەل قىلغۇچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتتۇر. خىتاينىڭ
ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ توختاۋسىز ئېشىشى، ئەكسىچە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋىرۇس
سەۋەبلىك بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشى، ھەتتا چېكىنىپ كېتىشى خىتاينىڭ
ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. تىنچ ئوكيان رايونىدا
دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياۋروپا
بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن
سىرت، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش
نىسبىتى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا يۇقىرى. يەنە تېخى خىتاي
بازىرى دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ئىستېمال بازىرىدىن ئىبارەت. خىتاي بۇلاردىن
ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانماقتا. خىتاينىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەشتە CSIS نىڭ
دوكلاتى ناھايىتى مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچتۇر.

بۇ دوكلاتتىن، خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق قىلىپ ھەممە
ساھەنى مونوپول قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن. بۇ غەرب يولغا قويۇپ
كېلىۋاتقان ئەركىن بازار پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە
چەتئەل كارخانىلىرى خىتاي كارخانىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى خىتاي
دۆلىتى بىلەن رىقابەتلەشمەكتە ۋە سودا قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا،
خىتايدىكى ھەرقانداق كارخانا، ھەرقانداق ساھە ۋە شەخسنى كونترول قىلىش
كۈچىگە ئىگە ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقئارا رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىمەكتە.
ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى بازىرىنى قورال قىلىپ قوللانماقتا. كومپارتىيە ھازىرقى
ۋەزىيەتتە پۈتۈن بايلىقنى ۋە ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ بولغان بولۇپ،پەقەت
ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلغانلارلا خىتايدا ھايات قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە،
مايۈننىڭ شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى بۇنىڭغا بىر مىسال بولالايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى دۆلىتى ئىچىدە ئىشلەتكەن بۇ باندىتلىق سىياسىتىنى خەلقئارادىمۇ ئىشلەتمەكتە. مەسىلەن، دۆلەت ئىچىدە قانداق مەنپەئەت گۇرۇھى قۇرغان بولسا، چەتئەللەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنپەئەت گۇرۇھى قۇرۇشقا تىرىشماقتا ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى چىرىك ۋە دىكتاتور دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ۋە سىڭىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. خىتاينىڭ زورىيىشىنى توسۇپ قالالايدىغان بىردىنبىر كۈچ غەرب دۇنياسى بولۇپ، بۇنىڭدا بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ غەرب ۋە باشقا دېموكراتىك ئەللەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، خىتاينى كەم دەپ بىلىشى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن قانداق قىلىپ خىتاينىڭ قوينىدىن تارتىپ چىقىشى مەسىلىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك تەرەپلىرىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىيەگە ئوخشاش تەۋرىنىپ قېلىۋاتقان ئىتتىپاقداشلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمۇ ناھايىتى مۇھىم.

ۋىرۇس بىر تەرەپتىن، خىتايغا باشقا رەقىپلىرىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور ئەۋزەللىككە ئېرىشىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاينىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى، يالغانچى، تۆھمەتخور ۋە ئۆكتەملىكىنى دۇنياغا ئېچىپ تاشلىدى. بۇ مەلۇم نوقتىدىن قارىغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىتايغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرىدىغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يەنىلا دۇنياغا ئەڭ مۇۋاپىق رەھبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەتتۇر.

## تەۋسىيەلەر

1. ياشلارنى ئومۇمىي ساپا ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن، شۇنداقلا، مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە نۇقتىلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىش. (ھەر ئىككى جەھەتتىن)

2. تەشكىلاتلار ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق ستراتېگىيەسى ۋە ئايلىق ، يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ۋە شۇ بويىچە ئىشلىشى لازىم.

3. تەشكىلات، ئورگان ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسلەر ۋە تەتقىقات مەركەزلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، دۆلەت مېخانىزىملىرىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى، تەشكىلاتچىلىق، باشقۇرۇش، ستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىش ۋە يۈرۈشتۈرۈش ھەققىدە تەربىيە ئېلىشى لازىم.

# خىتاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
## (21.12.20-27.12.20)
### نىجات تۇرغۇن

■ خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ كېلىشىمى (Comprehensive Agreement on Investment) داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ كېلىشىمدە ۋاقتى ئۆتكەن ئىككى تەرەپلىك 25 تۈرلۈك كېلىشىمنىڭ ئورنىنى ئېلىش، خىتاي - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش مۇناسىۋىتى ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن مەبلەغ سېلىش شەرتنامىسى ۋە قانۇنىي رامكا ئورنىتىش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، كېلىشىمنامە يەنە بىر - بىرىنىڭ بازىرىغا كىرىش، مەبلەغ سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك سىجىل تەرەققىيات ۋە تولۇقلىما بېرىشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار توغرىسىدىكى تۈزۈملەر ۋە مەجبۇرى تېخنىكا يۆتكەش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[6].

گەرچە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى گېرمانىيە ۋە بىرقىسىم چوڭ شىركەتلەر بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ[7]، فىرانسىيە باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر بۇ كېلىشىمنامىنى ئىمزالاشقا بەزى شەرتلەرنى قويغان[8]. خىتاي

[6]Gisela Grieger..” EU–China Comprehensive Agreement on Investment. Levelling the playing field with China”. European parliament. september.2020. https://www.europarl.europa.eu/RegData/etudes/BRIE/2020/652066/EPRS_BRI(2020)652066_EN.pdf

[7]The Editorial Board.” EU should bide its time on China investment deal”. Financial Times.20.12.20. https://www.ft.com/content/0c4efde6-ab3e-4b4e-b1de-17c43af-b5ecc

[8]Alex Shipman.”Macron fury as France prepared to block EU-China deal over ‘forced’

تەرەپ بولسا بۇ كېلىشىمنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادى ۋە تىجارىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئىقتىسادىغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فرانسىيە تىلغا ئېلىۋاتقان مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش مەسىلىسىنى ئىنكار قىلىپ، خىتايدا ئىشچىلار ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىنىدىغانلىقى ۋە بۇنداق بىر مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن[9]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكانىڭ يېڭىدىن سايلىنىش ئالدىدا تۇرغان پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ خەۋپسىزلىك مەسلىھەتچىسى Jake Sullivan: ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ كېلىشىم توغرۇلۇق ئامېرىكا بىلەن بالدۇرراق مەسلىھەتلىشىشى كېرەك، دېگەن[10].

دۈشەنبە كۈنى (28.12.2020) دىكى خەۋەرلەردە، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي تەرەپ كېلىشىمدە ئاساسەن ئورتاق بىر پىكىرگە كەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ[11]، تەپسىلاتى ھەققىدە كېلەر ھەپتىلىك ئاناللىزدا توختىلىمىز.

## مۇلاھىزە:

بۇ كېلىشىم ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادى مۇناسىۋەتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بېسىۋاتقان بىر قەدىمى بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ، بۇ

Uighur labour" ExpressNewspaper.24.12.20. https://www.express.co.uk/news/world/1376328/EU-China-deal-france-uighur-muslims-eu-china-beijing-xianjing-franck-riester-europe-ont

[9]Wang Wenbi"Foreign Ministry Spokesperson Wang Wenbin's Regular Press Conference on December 24, 2020". Ministry of Foreign Affairs of China. 24.12.20. https://www.fmprc.gov.cn/mfa_eng/xwfw_665399/s2510_665401/2511_665403/t1842513.shtml

[10]Tom Mitchell. ''European Lobby group in China urges EU to sign Beijing deal".FinancialTimes.24.12.20.https://www.ft.com/content/e907b620-8ac2-4a16-9061-56520968a5d2

[11]Stuart Lau. ''All EU member states back China investment deal, sources say".SouthChinaMorningPost. 28.12.20. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3115588/all-eu-member-states-back-china-investment-deal-sources-say

كېلىشىم تۈزۈلسە بۇنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە تىجارى تەسىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما كېلىشىم تۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بۇ كېلىشىمنى توسۇش ياكى تەستىقلاش ھوقۇقى بولىدۇ. ياۋروپا تەرەپنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنى ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ بولغان خىتاي بازىرىغا كىرىش ۋە خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشىش بولۇپ، خىتاي پۇل - مۇئامىلە، تېلېگراف، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ماشىنا، ھاۋا - سۇ ترانسپورت مۇلازىمىتى، خۇسۇسىي دوختۇرخانا ۋە تەتقىقات قاتارلىق ساھەلەردە ياۋروپا شىركەتلىرىگە بازىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىشقا تەييارلانغان. ئەمما دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار بولسا خىتاينىڭ 2017- يىلىدىكى دۆلەتلىك ئىستىخبارات قانۇنى (خىتاي شىركەتلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇچۇرلارنى ئورتاقلىشىشنى تەلەپ قىلىش)؛ 2018- يىلىدىكى شىركەتلەر قانۇنى (خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ھەرقايسى شىركەتلەردىن ئورۇن ئېلىش ھەققى بولۇشى)؛ يەنە دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تاشقى مەغلەبىنى تەكشۈرۈش توغرۇلۇق يېڭى تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشى ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ تىجارىتىگە قانچىلىك توسالغۇ پەيدا قىلىشى بىر ئەندىشىلىك مەسىلىدۇر.

كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى خىتاي ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، خىتاي بۇ كېلىشىم ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىرقانچە مەقسەتكە يەتمەكچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن:

1. ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ خىتاي بازىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى ساقلاپ قېلىش.
2. ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن تىجارى ۋە ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش.
3. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركەتلىرىگە سىڭىپ

كىرىش يولىنى داۋاملىق ئېچىش.

4. خەلقئارا سەھنىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئۆزىنىڭ 19 ـ COVID سەۋەبىدىن تەسىرگە ئۇچرىغان دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ۋە قايتىدىن جانلىنىشىغا ئاساس سېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش.

5. ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئاساس سېلىش.

بۇ كېلىشىم ئىمزالانسا 19 ـ COVID سەۋەبلىك تەسىرگە ئۇچرىغان ياۋروپا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ۋە يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. ئەمما ياۋروپا بۇنىڭلىق بىلەن ئىتتىپاقداشلىرى ئارىسىدىكى نورماتىۋ (Normative) ۋە پرىنسىپاللىقتىكى ئىشەنچنى يوقىتىشى ياكى بۇ جەھەتلەردە ئاجىزلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئامېرىكا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ كېلىشىمنى ئىمزالىشىنى ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەسىنى قوغداش ئۈچۈن دەپ چۈشەنمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسەپ پايدا ئالماقچى دەپ چۈشىنىدۇ. نەتىجىدە بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاقىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشى ئۈچۈن بىر توسالغۇ بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى. بۇ ئىتتىپاق جانلانالمىسا، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئورتاق بىر خىتاي سىياسىتى بەلگىلىشى تېخىمۇ تەس بولىدۇ.

■ خىتاي ـ رۇسىيە

1.2. خىتاي ـ رۇسىيە ھاۋا ئارمىيەسى ياپونىيە دېڭىزى ۋە شەرقى جەنۇبى خىتاي دېڭىزىدا 2 ـ قېتىملىق بىرلەشمە چارلاش مانېۋىرى ئېلىپ بارغان. ئىككى دۆلەت 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدىمۇ مۇشۇنداق چارلاش ئېلىپ بارغان ئىدى. چارلاش جەريانىدا ياپونىيە ۋە كورىيەنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە

كىرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن[12]. خىتاي تەرەپ بۇنىڭ پەقەت بىر نورمال ھەربىي مانېۋىر ئىكەنلىكى، ھېچقايسى بىر ئۈچىنچى دۆلەتنى ھۇجۇم نىشانى قىلمىغانلىقى، مانېۋىرنىڭ خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە ھېچبىر دۆلەتنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن[13]. ياپونىيە تەرەپ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا تىنچ ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يىراق شەرققە ھەربىي قىسىم ئەۋەتىش تەكلىپى سۇنغان[14].

2.2. خىتاي بىلەن رۇسىيە بىر ـ بىرىنىڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش ئۈچۈن بىر ھەمكارلىق تۈزگەن. ئالدىنقى ئايدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى(SCO)نىڭ يىغىن ھارپىسىدا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىر ـ بىرىدىن ئاخبارات ھەمكارلىقىنى ئۆز ـ ئارا كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى دۆلەتنىڭ ئاخبارات ۋەكىللىرى خەلقئارالىق چوڭ ۋەقەلەرنى ئەتراپلىق، تەرەپسىز ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا دوكلات قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر ھەمكارلىق رامكىسىنى بەرپا قىلغان.

ئانالىزچىلارنىڭ بىلدۈرىشىچە، بۇلارنىڭ مەقسىتى بىر ـ بىرىنىڭ مەيدانى، قىممەت قارىشى ۋە مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش ئىكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدە شېرىكىنىڭ ئوبرازىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگىمۇ يەتمەكچىكەن[15].

[12]Yang Jin.”China-Russia joint air patrols a strong signal for regional stability”.Global-Times.23.12.20 https://www.globaltimes.cn/content/1210821.shtml

[13]Zhao Lijian.”Foreign Ministry Spokesperson Zhao Lijian’s Regular Press Conference on December 23, 2020” Ministry of Foreign Affairs of the China.23.12.20 .https://www.fmprc.gov.cn/mfa_eng/xwfw_665399/s2510_665401/2511_665403/t1842271.shtml

[14]MK Bhadrakumar.”China to strengthen military coordination with Russia”.AsiaTimes.27.12.20. https://asiatimes.com/2020/12/china-to-strengthen-military-coordination-with-russia/

[15]Maya Solonina and KatjaDrinhausen. ‘’Chinese and Russian media partner to “tell each other’s stories well”.’Mercator Institute for China Studies.22.12.20. https://merics.org/

## مۇلاھىزە:

رۇسىيە - خىتاي بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرى ئىككى تەرەپنىڭ كېسشكەن مەنپەئەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنىڭ ۋۇجۇتقا چىققان بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا مۇداپىيە سەزگۈرلۈكىنى ۋە ئامېرىكانىڭ ئىپادىسىنى سىناش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ ئورتاق رەقىبى بولغان ئامېرىكاغا رۇسىيە - خىتاي ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىڭ سىگنالىنى بېرىشتۇر. يېقىندىن سايلانغان پرېزىدېنت جوۋ بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي - رۇسىيە ھەمكارلىقىغا قانداق شەكىلدە جاۋاپ بېرىشى ۋە ئامېرىكا، خىتاي ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بولۇڭلۇق مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا. چۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ جىق دۆلەت مۇداپىئە خامچوتى ئاجرىتىۋاتقان، ھەربىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئاتومغا ئىگە بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسى ۋە جۇغراپىيەلىك ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلىرىنىڭ قارمۇ قارشى كېلىشى ياكى كېسىشىشى رايون ۋە خەلقئارانىڭ تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خەلقئارا سەھنىدە تەسىر كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي بىلەن رۇسىيە غەربنىڭ قىممەت قارىشى ۋە خەلقئارا سىستېمىدىكى يېتەكچى رولىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۆز مەتبۇئاتلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق يالغاننى راست كۆرسىتىش، راستنى يۇشۇرۇش، غەرب توغرۇلۇق سەلبىي خەۋەر تارقىتىش ئارقىلىق غەربنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ

---

en/opinion/chinese-and-russian-media-partner-tell-each-others-stories-well

كەلمەكتە. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت دۆلەت سىستېمىسىنىڭ دۇنيا ئۈچۈن يېگى بىر مودېل بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا. بۇلارنىڭ بۇ ئاخبارات ھەرىكىتىگە قارىتا ياۋروپا ئىتتىپاقى ئالدىنقى ئايلاردا يېڭى بىر قانۇن چىقارغان ئىدى. خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ ئاخباراتتا ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشى سىياسى مەنپەئەتتىكى ئورتاقلىق سەۋەبىدىنلا بولماستىن، يەنە مۇستەبىتلىك ئىدىيەسى ۋە تۈزۈمدىكى ئورتاقلىقلاردىنمۇ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.كۈچىيىۋاتقان خىتاي - رۇسىيە ھەمكارلىقىدا غەربكە قارىتىلغان مەتبۇئات ئۇرۇشىنىڭ داۋام قىلىش ئېھتىمالى يۇقىرىدۇر.

## ■ خىتاي - ھىندىستان

1.3. ھىندىستان بىرلەشمە مىنىستىرى Ravi Shankar نىڭ بىلدۈرىشىچە، ھىندىستان دۇنيادىكى يانفون ياسىغۇچى ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان بولۇپ، نىشانى خىتايدىن ئېشىپ، يانفون ئىشلەپچىقارغۇچى ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىش ئىكەن. ھىندىستاندا ھازىر 260تىن ئارتۇق يانفون ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى بار ئىكەن[16].

2.3. 21- دېكابىر ۋېيتنام بىلەن ھىندىستان دۆلەت باش مىنىستېرلىرى ئورتاق بىر تىنچلىق ۋە گۈللىنىش يارىتىش نىشانىدا ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىدا كۈچىيىۋاتقان خىتاي تەھدىتىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا كېلىشتى. گەرچە ھىندىستان بىلەن ۋېيتنام 2016- يىلى مۇداپىيە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كەڭ دائىرىلىك بىردەكلىك ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ھىندىستاننىڭ ۋېيتنامنى BrahMos باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى بىلەن

[16]Finance.''India to surpass China in mobile manufacturing''.DailyNews.25.12.20 .http://www.dailynews.lk/2020/12/25/finance/237097/india-surpass-china-mobile-manufacturing

تەمنلىشى تېخى جەزملەشمىگەن ئىدى. ھىندىستان ۋېيتنامنى بۇ قورال بىلەن تەمىنلىسە، تالاش بولۇۋاتقان جەنۇبى خىتاي دېڭىزى رايونىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدىكەن. خىتاي ھىندىستاندىن ۋېيتنامنى بۇ قورال بىلەن تەمىنلىمەسلىك تەلەپ قىلغان ۋە بۇنداق قىلغان تەقدىردە خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك قىزىل سىزىقىغا چېقىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[17].

## مۇلاھىزە:

ھىندىستاننىڭ دۇنيادىكى يانفون ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىككىنچى چوڭ دۆلەت ھالىغا كېلىشى ۋە بۇ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە خىتاينىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىنى نىشان قىلىشى ھىندىستاننىڭ خىتايغا ئوخشاش دۇنيانىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەركىزىگە ئايلىنىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ھىندىستان بۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىتايدەك ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە ئەمەس. ھىندىستان دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ، ھاكىمىيەت ئالمىشىپ تۇرغاچقا، خىتايدەك بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەتكە ئوخشاش ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر پىلان بىلەن ئۆزگەرمەي ماڭالمايدۇ؛ ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادى ئىسلاھات ئېچىۋېتىشى 1990- يىلىدىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى خىتايدەك ياخشى ئەمەس. ئەمما ھىندىستاننىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى خىتاي بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى رىقابەتنى تېزلەشتۈرۈشى مۇمكىن.

خىتاينىڭ چېكىدىن ئاشقان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشى بىلەن خىتاي بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى تېرىتورىيەلىك تالاش - تارتىش جىددىيلەشمەكتە. ھىندىستان 2019- يىلىدىكى 71 مىليارد دوللارلىق

[17]Sumit Sharma.‘’How India could tweak China in the South China Sea”.AsiaTimes.24.12.20. https://asiatimes.com/2020/12/how-india-could-tweak-china-in-the-south-china-sea/

دۆلەت مۇداپىيە خامچوتى بىلەن دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان[18].
خىتاي ۋە پاكىستاندىن كەلگەن خەۋپسىزلىك تەھدىتى بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبلىرىدىندۇر. ھازىرقى ھىندىستاننىڭ BrahMos باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنى ۋېيتنامغا سېتىپ بېرىشى بىر تەرەپتىن جەنۇبى خىتاي دېڭىز رايونىدىكى ۋېيتنامغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ خىتاي تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان چېگرا رايونىدىكى ئىستراتېگىيەلىك سەزگۈرلۈكىنى ئاجىزلىتىش بولۇشى مۇمكىن.
ئەگەردە ھىندىستان ۋېيتنامنى BrahMos باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى بىلەن تەمىنلىسە، ۋېيتنام بۇ قورال بىلەن خىتاينىڭ جەنۇبى خىتاي دېڭىز رايونىغا كەلگەن ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە خىتاينىڭ ئالتە شەھرىگە ھۇجۇم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدىكەن. ئەمما ھىندىستاننىڭ ۋېيتنامغا قورال سېتىپ بېرىشى خىتاي تەھدىتىگە قارشى پەقەت قىسقا مەزگىللىك بىر ھەل قىلىش چارىسى بولۇپ، ئەگەر ھىندىستان ھەربىي ئېھتىياج تۈزۈش ئارقىلىق بۇ رايوندىكى كىچىك دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ خەۋپسىزلىك يارىتالىسا، بۇ ئارقىلىق خىتاي تەھدىتىگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قارشى تۇرالىشى ۋە ھىندىستاننى بۇ رايوندا خىتايدىن بەكرەك ئىستراتېگىيەلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلالىشى مۇمكىن. بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ئالدىمىزدىكى يىللاردا خىتاي بىلەن ھىندىستاننىڭ رىقابىتى ۋە دۈشمەنلىكىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىنچىلىكى بار.

## ■ خىتاي - تۈركىيە

خىتاي تۈركىيە بىلەن تۈزگەن جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىنى تەستىقلىدى. خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ

[18]Amin Ahmet. ‘’India has world’s third biggest defence spending now”DAWN Media Group.29.04.20 https://www.dawn.com/news/1552802

رەئىسى جۇڭ يېسۇيىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ شەرتنامە يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇن چىقىرىش يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان. بېيجىڭدىكى خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسى لى ۋېي: بۇ شەرتنامە ئىككى تەرەپ ئەدلىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئىلگىرىلەش سىگنالى بولۇپ، شەرتنامە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلىشى مۇمكىن. بۈنىڭدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مېخانىزمى پۇل يۇيۇش ۋە تېرورلۇق قاتارلىق دۆلەت ھالقىغان جىنايەتلەرگە زەربە بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، تېرورچىلار بۇندىن كېيىن بىر دۆلەتتە جىنايەت سادىر قىلىپ، يەنە بىر دۆلەتكە قېچىپ كىتەلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا بۇ كېلىشىم خىتاينىڭ غەربى شىمالىدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللايلاشتۇرىدۇ، دېدى[19]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ شەرتنامىنىڭ 2019- يىلى ئاپرىلدا تۈركىيە پارلامېنتىغا سۇنۇلغانلىقى ۋە پارلامېنتتا ئاۋازغا قويۇلۇشىنى كۈتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم بولماقتا.

## مۇلاھىزە:

ئەسلىدە بۇ كېلىشىم 2017- يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئىككى تەرەپ پارلامېنتى تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن ئىدى. خىتاي بۇ شەرتنامە ئارقىلىق تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كېلىشىنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى پەيدا قىلماقچى بولسا، تۈركىيە بۇ شەرتنامە ئارقىلىق فەتۆ (FETÖ) ھەرىكىتىنىڭ خىتايدىكى ئەزالىرىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى ئىدى. بۇ شەرتنامىنىڭ قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كېلىشى ۋە خىتاينىڭ تەستىقلىشى تۈركىيە - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە بىر قەدەم يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، غەرب بىلەن مۇناسىۋىتى كۆنسېرى سوغۇقلىشىۋاتقان تۈركىيە بارغانسېرى شەرققە (خىتاي ۋە رۇسىيەگە) يېقىنلىششقا مەجبۇر بولماقتا. بۇ يېقىنلىششنىڭ ئەك

[19]Zhang han.”China-Turkey extradition bill likely to focus on counter-terrorism cooperation, experts say”. GlobalTimes.24.12.20. https://www.globaltimes.cn/content/1210936.shtml

چوڭ قۇربانلىرى تۈركىيەدىكى شەرقى تۈركىستان دەۋاگەرلىرى بولۇۋاتىدۇ. بەزى ئانالىزچىلار تۈركىيەنى بۇ شەرتنامىگە ئىمزا قويغۇزۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ تۈركىيەگە ھەر خىل شەكىلدە بېسىم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئەگەردە بۇ شەرتنامە تۈركىيە پارلامېنتىدا تەستىقلىنىپ قالسا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىت ئىچىدە قالىدۇ.

## تەۋسىيەلەر:

1. شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى سىياسەتچىلەرگە CAI نىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەسلىكى، خىتاينىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئورۇندىمايدىغانلىقىنى ئاگاھلىتىش، ئۇلاردىن CAI نى تەستىقلىماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىش لازىم.

2. تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ بۇ كېلىشىمنى ماقۇللىماسلىقى ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارادىكى مەتبۇئاتلارنىڭ دىققىتىنى بۇ ئىشقا قارىتىش، تۈركىيە سىرتىدىكى تۈركىيە ئەلچىخانىلىرىغا شەرقى تۈركىستان تەشىلاتلىرى ۋە خەلقنىڭ ئەندىشىسىنى ئاگاھلىتىش، ئەگەردە شەرتنامىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلار قايتۇرۇلسا، تۈركىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئىجابى ئوبرازىغا زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم.

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى
## 2020.12.21-202012.27
### مەمەتئېلى مەمەتئېمىن

■ خىتاينىڭ مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنى ۋە ئەلى بابا

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خىتاي« مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنى 2019 ـ يىللىق دوكلاتى » نى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى 103 مونوپول بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېلو تۇرغۇزۇلغان ۋە تەكشۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 46 دېلو بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، جەمئىي قويۇلغان جەرىمانە 320 مىليون يۈەن[20] بولغان. 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىتاي دۆلەتلىك بازار نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىدارىسى"مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنى"غا ئاساسەن ئەلى بابا،يۆۋېن، فېڭچاۋ قاتارلىق شىركەتلەرگە 500مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ئىدى[21].

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، خىتاينىڭ دۆلەتلىك بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەلى بابا گۇرۇھى پاي كونترول چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئىككىدىن بىرنى تاللاش» قاتارلىق مونوپول خارەكتېرلىك قىلمىشلىرى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېلان قىلدى[22]. يەنە 12 ـ ئاينىڭ

[20]<致力公平竞争服务改革发展《中国反垄断执法年度报告（2019）》发布>、新华网、2020年12月25日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/25/c_1126907138.htm

[21]<市场监管总局依法对阿里巴巴投资收购银泰商业股权、阅文集团收购新丽传媒股权、丰巢网络收购中邮智递股权等三起未依法申报违法实施经营者集中案作出行政处罚决定>、 市场监管总局、 2020年12月14日、 http://www.samr.gov.cn/xw/zj/202012/t20201214_324335.html

[22]<市场监管总局依法对阿里巴巴集团涉嫌垄断行为立案调查>、新华网、 2020年12月24

24ـ كۈنى خىتاي خەلق بانكىسى ، خىتاي بانكا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى ، خىتاي ئاكسىيە نازارەتچىلىك كومىتېتى ۋە دۆلەتلىك تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى يېقىندا مايى گۇرۇھى بىلەن كۆرۈشۈپ مايى گۇرۇھىنى، بازارلاشتۇرۇش ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، مالىيە نازارەتچىلىكى ، ئادىل رىقابەت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش ۋە پۇل ـ مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ تىجارىتى ۋە تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى[23]. بۇنىڭ بىلەن ئەلى بابا گۇرۇھىنىڭ پاي باھاسى 9% چۈشۈپ كەتتى[24].

## مۇلاھىزە:

«ئىككىدىن بىرىنى تاللاش» تالاش ـ تارتىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. 2015 ـ يىلى «قوش ئون بىر» توردا تەشۋىق قىلىنغاندىن كېيىن ، خىتاينىڭ يەنە بىر ئېلېكترونلۇق سودا گىگانتى جىڭ دوڭ (京东) نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا، ئەلى بابا باشقۇرۇشىدىكى تيەن ماۋ(天猫) تور سودا سارىيىنىڭ سودىگەرلەردىن رىقابەتچىسى جىڭ دوڭ بىلەن ئۆزىدىن پەقەت بىرىنى تاللىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى، بۇنىڭ مونوپول قانۇنىغا خىلاپ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەرز سۇنغان ئىدى[25].

بۇ ئەلى بابا ئۇچۇن ئۆتكەن ھەپتە بەرگەن جازادىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق «ھۇجۇم» دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە خىتاي بۇ قىلمىشىنى مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى بويىچە ئىلىپ بارغانلىقىنى،شۇنداقلا

日、 http://www.xinhuanet.com/2020-12/24/c_1126900011.htm
[23]< 金融管理部门将于近日约谈蚂蚁集团>、 新华网、 2020年12月24日、http://www.xinhuanet.com/fortune/2020-12/24/c_1126900017.htm
[24]Julie Zhu, Kane Wu, Cheng Leng, “China launches antitrust probe into tech giant Alibaba”, Reuters, 24.12.2020, https://www.reuters.com/article/us-china-antgroup/china-launches-antitrust-probe-into-tech-giant-alibaba-idUSKBN28Y05T
[25]<电商竞争应遵守法律底线>、中国打击侵权假冒工作网、 2015年11月24日、 http://www.ipraction.gov.cn/article/xwfb/mtgd/202004/162638.html

بازارلاشتۇرۇش ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساس سېلىش مەقسىتىدە قىلىنغانلىقىنى دېگەن بولسىمۇ[26]، خىتاينىڭ ئەسلى نىشانى خۇسۇسىي كارخانا ۋە پەن-تېخنىكا شىركەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر راستىنلا مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا، خىتايدا بۇنىڭ بىلەن جازالىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن دۆلەت كارخانىسى بار. گەرچە خىتايدىكى تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى خۇسۇسىي كارخانىلارغا، بولۇپمۇ پەن- تېخنىكا گىگانتلىرىغا نىسبەتەن ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىمۇ، فېيسبوك، گۇگۇل قاتارلىق تېخنىكا گىگانتلىرىغا قارىتا ئەنسىرەش كۈچىيىۋاتىدۇ . فېيسبوكنىڭ 2016-يىللىق ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىغا تەسىر قىلغانلىقى، بۇنىڭدا بەلكى رۇسىيەنىڭ قولى بارلىقى ھەققىدىكى تەخمىنلەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى، ھەتتا خەلق ئارىسىدا فېيسبوكنى پارچىلىۋېتىش چاقىرىقلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تەرەققىياتلارمۇ خىتاينىڭ تېخنىكا گىگانتلىرىغا بولغان ئەنسىرىشىنى كۈچەيتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۆزلۈكسىز زورىيىپ كېتىشىنى كوممۇنىست پارتىيە، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىت كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ھاكىمىيەت ئۈچۈن تەھدىت بولۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق «خەتەرنىڭ» ئالدىنى ئېلىشتا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلىدۇ.

■ خىتاينىڭ 13-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24-قېتىملىق يىغىنى ئاياغلاشتى

[26]余 超、<加强反垄断监管是为了更好发展>人民日报、 2020年12月24日、 http://opinion.people.com.cn/n1/2020/1224/c1003-31977402.html

خىتاينىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. 166 ۋەكىل قاتناشقان ۋە خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى لى جەن شۇ رىياسەتچىلىك قىلغان بۇ يىغىندا 19 قانۇن لايىھەسى ۋە ئالاقىدار قارارلار قاراپ چىقىلدى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ 3 ئالاھىدە دوكلاتى ئاڭلاندى ۋە تەكشۈرۈلدى ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 قانۇن ئىجرا قىلىش دوكلاتى ۋە 2 ئالاھىدە تەتقىقات دوكلاتى ئاڭلاندى ۋە تەكشۈرۈلدى، خىتاي ـ تۈركىيە گۇناھكارلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى ماقۇللاندى، ۋەكىللىك سالاھىيەت دوكلاتى ۋە تەيىنلەش،ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلار ھەر خىل قارالمىلار ماقۇللاندى[27].

بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي ـ تۈركىيە گۇناھكارلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىدىن باشقا خىتاي دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى[28]ۋە جازا قانۇنىنىڭ 11 ـ ماددىسىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى[29] ماقۇللۇقتىن ئۆتتى. يېڭى جازا قانۇنىدا 12 ياشقا توشقان، ئەمما 14 ياشقا توشمىغانلار قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى قەستەن زەخىملەندۈرۈش، ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ياكى ئېغىر زەخىملەندۈرۈش، ئېغىر مېيىپ بولۇشتەك جىنايەتنى سادىر قىلغان بولسا، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ[30] دەپ بېكىتىلدى.

[27]<十三届全国人大常委会第二十四次会议在京闭幕>、 新华网、 2020年12月26日、 http://www.xinhuanet.com/politics/leaders/2020-12/26/c_1126911548.htm
[28]<（受权发布）中华人民共和国国防法>、 新华网、2020年12月27日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/27/c_1126911647.htm
[29]<（受权发布）中华人民共和国主席令（第六十四号）>、 新华网、 2020年12月26日、 http://www.xinhuanet.com/politics/2020-12/26/c_1126911457.htm
[30]<通过！刑法修正案（十一）：12至14周岁未成年人故意杀人等犯罪要负刑责>、 新华网、 2020年12月26日、http://www.xinhuanet.com/legal/2020-12/26/c_1126910688.htm

## مۇلاھىزە:

بۇ يىل 21ـ ئۆكتەبىر، « ختاي دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى ( تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە ) » ختاي خەلق قۇرۇلتىيى تورىدا تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىنغان ۋە لايىھەگە 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە پىكىر ئېلىنىدىغانلىقى دېيىلگەن ئىدى[31]. بۇ قېتىمقى يىغىندا رەسمىي ماقۇللۇقتىن ئۆتتى.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن جەمئىي 12 باب 70 ماددا بولۇپ، بۇ 12 باب 73 ماددا قىلىپ تۈزىتىلدى بۇنىڭ ئىچىدە 50 ماددا تۈزىتىلدى ، 6 ماددا قوشۇلدى ، 3 ماددا چىقىرىۋېتىلدى . بۇ قوشۇلغان ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن مۇھىم ماددىلاردىن بىر قانچىسى شۇلار: 1 ـ باب ئومۇمىي پىرىنسىپ قىسمىنىڭ 2 ـ ماددىسىغا بۆلگۈنچىلىك(分裂)، تەرەققىيات مەنپەئەتى (发展利益) دېگەن خەتلەر قوشۇلدى. بۇرۇنقى 44ـ ماددا، 47ـ ماددا بولۇپ ئۆزگەردى ۋە بۇ ماددىغىمۇ تەرەققىيات مەنپەئەتى دېگەن خەتلەر قوشۇلدى[32]. بۇ ماددىنىڭ مەنىسى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى يۈز بەرگەندە ۋە ختاينىڭ تەرەققىيات مەنپەئەتى دەخلىگە ئۇچرىغاندا ختاي ھۆكۈمىتى، ختاي قورالىق كۈچلىرىنى ۋە ختاي خەلقىنى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىش تەيۋەن تاراتقۇلىرىنىڭمۇ

[31]<国防法（修订草案）征求意见>、中国人大网、2020年10月21日 、http://www.npc.gov.cn/flcaw/userIndex.html?lid=ff80808175265dd40175451aa24717ac file:///C:/Users/Uyghur/Downloads/%E4%B8%AD%E5%8D%8E%E4%BA%BA%E6%B0%91%E5%85%B1%E5%92%8C%E5%9B%BD%E5%9B%BD%E9%98%B2%E6%B3%95%EF%BC%88%E4%BF%AE%E8%AE%A2%E8%8D%89%E6%A1%88%EF%BC%89.PDF
[32]童黎、<国防法修订草案全文公布，这个关键词引来台媒关注>、观察者网、2020年 10月22日、https://www.guancha.cn/politics/2020_10_22_568925.shtml

دىققىتىنى تارتقان[33]. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خىتاي ئەسكىرىي كۈچلىرىنى خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە باشقۇرىدىغان ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ تامامەن خىتاي مەركىزى كومىتېتى باشقۇرىدىغان بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى قانۇننىڭ 7-ماددىسى 8- ماددا بولۇپ تۈزىتىلىپ، ھەربىيلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئېتىبارىغا كېپىللىك قىلىش، دېگەن سۆز قوشۇلدى. «ھەربىيلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتى» بابىغا، ھەربىيلەر كومپارتىيەگە سادىق بولۇشى كېرەك، دېگەن سۆز قوشۇلدى[34].

يۇقىرىدىكى بۇ بىرقانچە تۈزىتىشلەردىن مۇنداق نۇقتىلارنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن. خىتاي بۇ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەيۋەننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇشنى قانۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەسكەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەڭگىۋارلىقىنى ۋە مىللەتچىلىكىنى قوزغاپ،خىتاينىڭ مۇرەككەپ ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتى ئاساسىدا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل ۋەقە ۋە توقۇنۇشلارغا تەييارلىق قىلىشنى پىلانلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى، خىتاي كومپارتىيەسى ئىچىدىكى ئىچكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھوقۇقنى شى جىنپىڭنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم قەدەم دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاي چوڭ دۆلەت بولغانسېرى مەنپەئەت دائىرىسى ۋە زەنجىرىنىڭ

[33]<中國擬增加「發展利益遭受威脅」　作為開戰條件>、　联合报、2020年10月22日、 https://udn.com/news/story/7331/4954776
[34]<重磅！国防法修订草案全文公布，重要条款新增四个字>、新浪财经、2020年10月21日、　https://finance.sina.com.cn/china/gncj/2020-10-22/doc-iiznezxr7351232.shtml

كېڭىيىشى ، خىتاي- ئامېرىكا توقۇنۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشى، رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنىڭ كۆپىيىشى، تەيۋەن - خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىرىكلىشىشى، خىتاي ۋە شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىش خىرىسى قاتارلىق ئامىللار خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاي ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا 23 يىل بۇرۇن تۈزۈلگەن دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ تۈزىتىلىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋالدەك قىلسىمۇ، بەزى ماددىلارنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك تۈزىتىلىشى رايون ۋە دۇنيا دۆلەتلىرىدە ئەندىشە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى بۇ ئەندىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە.

# ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى <كۆز بوياش[35]>ھىيلىسى

(28.12.2020 —22.12.2020)

**نجات مەمەت**

■ ختاي 22- دېكابىر بېيجىڭدا <دۇنياغا ھەقىقىي شىنجاڭنى سۆزلەك تېمىسىدا - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى[36] > ئاچتى.

ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېيجىڭدا ئېچىلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، خوتەن شەھەرلىك قاراقاش مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئوبۇلھەسەن تۇرسۇننىياز ۋە خوتەن شەھىرىدىكى بىر كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى شىرئەلى مەمتىمىن، ختاينىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى جازا لاگېرىدىن چىققان ئابلاجان ئابلەت ۋە ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئۈچۈر-تەشۋىقات ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىرلىكسەپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلجان ئىنايەت مۇخبىرلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسچىتلەرگە،جازا لاگېرىغا ۋە مەجبۇرى ئەمگەككە سىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا بايانات ئېلان قىلغان.

[35]ئىنتايىن پۇختا بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۆردۈم دەپ قارىغاندا، ئاسانلا بىخۇدلۇق، بوشششش ھالەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزى ئىشلار كۆزگە سىڭىپ قالسا، كىشىدە قايتا گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. مەخپىي پىلان -تەدبىر ناھايىتى ئاشكارا ئىشلارغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، كۆپىنچە ئىنتايىن ئاشكارا ئىشلارغا ئىنتايىن مەخپىي بولغان نەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مەنبە 36 تەدبىرنىڭ يىگى بايانى،جۇيۇشياڭ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغۇچى قادىر راخمان.

[36]中新网新疆、告诉世界一个真实的新疆——新疆维吾尔自治区涉疆问题新闻发布会见闻、2020-12-22 http://www.xj.chinanews.com/xinjiang/2020-12-22/detail-ihaex-qwa4611437.shtml

ئىمام ئوبۇلھەسەن تۇرسۇننىياز مۇخبىرلارغا مەسچىتلاردىكى كامېرالارنىڭ ئىماملارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىسلام دىنىنى مەسچىتلەردە، ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا، خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تارقاتقان قوللانمىلىرىدىن، <خىتاي مۇسۇلمانلىرى> ناملىق ژۇرنالدىن ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ھەتتا كورونا ۋىرۇسى مەزگىلىدىمۇ مەسچىتلەرنىڭ جامائەتنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى، ھەر قانداق بىر ئىنسانغا زورلاش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى بايان قىلغان.

شىرئەلى مەمتىمىن مۇخبىرلارغا چەتئەللەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ دەپ يالغان خەۋەر تارقاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇ ئىش ئورنىغا ئۆزلىرى خالاپ ئورۇنلاشقانلىقىنى ئېيتقان.

ئابلاجان ئابلەت مۇخبىرلارغا چەتئەللىكلەرنىڭ تەربىيلەش ئورۇنلىرىنى لاگېر دەپ ئاتاپ خىتاينى قارىلىشى خاتالىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ تەربىيلىنىش ئارقىلىق دىنىي ئاشقۇنلۇق ئىدىيەسىدىن قۇتۇلغانلىقىنى، ھازىر نورمال بىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئۈچۈر-تەشۋىقات ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىرلىكسەپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلجان ئىنايەت مۇخبىرلارغا شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرى يوقلۇقىنى، بۇ يەرلەرنىڭ قانۇن بىلەن تەستىق قىلىنغان كەسپىي ماھارەت تەربىيەسى ۋە رادىكاللىقنى تۈگىتىش تەربىيلەش مەركىزى ئىكەنلىكىنى، بۇ مەركەزنىڭ ئامېرىكىنىڭ <مەھەللەدە تۈزىتىش[37]>(Community Corrections)< بىلەن ئەنگلىيەنىڭ >ئۆزگەرتىش ۋە

[37]Community corrections programs https://nij.ojp.gov/topics/corrections/community-corrections

ئۇزاقلاشتۇرۇش> (Desistance and Disengagement Programme, DDP)[38]، فرانسىيەنىڭ <رادىكاللىقنى تۆگىتىش مەركىزى> قاتارلىق مەركەزلەر بىلەن ھېچقانداق يوقلۇقىنى، بۇ تەربىيىلەش ئارقىلىق تېرورلۇق ۋە رادىكاللىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى، بۇ تەربىيىلەش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرشارى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ھەققىدىكى قارار ۋە پرىنسىپلىرىغا[39] ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

■ بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندا 5 مىليون 310 مىڭ ئادەم كەنت تازىلاشقا قاتناشتى[40].

بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ كەنت تازىلاش ھەرىكىتى ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن 5 مىليون 310 مىڭ ئادەمنى بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتۇرغان، 116 مىڭ 900 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭ تازىلانغان.

## مۇلاھىزە:

خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان باستۇرۇش سىياسەتلىرى سەۋەبىدىن خەلقئارادا ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان، دېموكراتىك دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار بولسا خىتاينى بۇ قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا

[38]中国日报网、外交部：新疆设立教培中心初衷和逻辑与英国DDP一样、2019-12-03 https://cn.chinadaily.com.cn/a/201912/03/WS5de67ffda31099ab995ef757.html

[39]联合国、反恐怖主义办公室、联合国全球反恐战略 https://www.un.org/counterterrorism/zh

[40]تىيانشان تورى، بۇ يىل شىنجاڭدا 5 مىليون 310 مىڭ ئادەم قېتىم كەنت تازىلاشقا قاتنىشىپ، مۇھىت گۈزەللىككە ھۆسن قوشتى. 2020-12-25 http://uy.ts.cn/system/2020/12/25/036542968.shtml

چاقىرىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. خىتاي بۇ بىسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەر دائىم تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى ئارقىلىق بايانات بېرىپ ئۆزىنى ئاقلاپ شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى يوشۇرۇپ كەلگەن، ئەمما خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينىڭ مەسچىتلەرنى چېقىش[41] ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى مەجبۇرى يۆتكەپ ئەمگەككە سېلىش[42] قاتارلىق قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاپ، خىتايغا تېخىمۇ كۆپ بېسىم ئىشلەتكەن ئىدى، بۇ سەۋەپتىن خىتاي ئۆزىنىڭ ياندىش دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى تەشكىللەپ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرۇپ[43] خەلقئارا جەمئىيەتنى <كۆز بوياش> ھىيلىسى بىلەن ئالدىماقچى بولدى، ئاخىرىدا 24 دۆلەتنىڭ مۇخبىرلىرىغا جازا لاگېرىنى زىيارەت قىلدۇردى[44]. خىتاي ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ 2019-يىلى 7-ئاينىڭ 30- كۈنى بېيجىڭدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، بۇ لاگېرلاردا دىنى رادىكاللىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قانۇن بويىچە تەربىيلەپ، كەسپىي ماھارەت ۋە خىتاي تىلى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى[45].

[41]UYGUHUR HUMAN RIGHTS PROJECT, Demolishing Faith: The Destruction and Desecration of Uyghur Mosques and Shrines, October 2019 Bahram K. Sintash https://docs.uhrp.org/pdf/UHRP_report_Demolishing_Faith.pdf

[42]Adrıan Zenz, COERCIVE LABOR IN XINJIANG LABOR TRANSFER AND THE MOBILIZATION OF ETHNIC MINORITIES TO PICK COTTON, 2020-12-14 https://victimsofcommunism.org/publication/coercive-labor-in-xinjiang/

[43]新华网、12国驻华使节在新疆参观访问、2019-01-08 http://www.xinhuanet.com/politics/2019-01/08/c_1210033369.htm

[44]新华网、24国媒体记者探访新疆 感受社会稳定民生改善 认可去极端化成就、2019-07-22 http://www.xinhuanet.com/2019-07/22/c_1124784862.htm

[45]中国新闻网、新疆维吾尔自治区主席：教培中心依法办、公开办、2019-07-30 http://www.chinanews.com/gn/2019/07-30/8911705.shtml



# 收押审查通知书

青河镇党委：

兹有你辖区居民 萨吾列·米勒太（女），身份证号码：654325197211280023，户籍地：青河镇团结西路金帝花园小区 7-4-802，因列为有可能影响稳定的其他不放心人员，于 2018 年 1 月 11 日，被收押审查。

特此通知

青河县委政法委

2018 年 1 月 11 日

NOTICE

Your dauyghter Aibibai.Maimaitiabiti has not been back from foriegn country thus, now we officially inform you that your daughter Aibibai.Maimaitiabiti will be prosecuted by the accordance of rules&regulation if she did not back within a week(7days) ,hence ,you are as the father of Aibibai.Maimaitiabiti ,you inform Aibibai.Maimaitiabiti to be back immediatly on time. The consequences of you fail to inform Aibibai.Maimaitiabiti or Aibibai.Maimaitiabiti refuse to come back will be on both Aibibai.Maimaitiabiti and you .

Informed : Maimaitiabiti.zaiding
ID Number :653101954022204 33
Relationship with the Aibibai.Maimaitiabiti (who did not back from oversea) is father and daughter

Informer : kashi Public Security Bureau
Wusetangbuyi Police Station : Iziz Kari
Date: 17 April 2017

Below is side note from my dad
She went to malaysia for study on 4th Oct 2016 ,to contact :13899160767 (that was my dad s phone number )



ئوقتۇرۇش



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسى قەشقەر شۆبىسى
ئەيىبلەشنامىسى



**Xinjiang Uyghur Autonomous Region People's**
**Procuratorate, Kashgar Branch**
**Indictment**

Kash. Proc. Crim. Indic. No. 351 [2019]

1. Defendant Nurnisa Emet, female, Uyghur, DOB: September 15, 1969, ID: 653101196909152026, high-school graduate, residential address: Apt. 173, Section No. 1, Building No. 1, Happy Garden Residential Area, West Park Subdistrict, Miren Road, Shamalbagh Township, Kashgar City. No criminal record. Detained on criminal charges by the Yopurgha County Public Security Bureau on December 22, 2018. Formally arrested on December 25, 2018, following approval from the Yopurgha County People's Procuratorate.

2. Defendant Memet'imin Emet, Uyghur, DOB: September 1, 1960, middle-school graduate, ID: 653128196009010030, a retired [illegible] of the forestry department, residential address: No. [illegible], [illegible], [illegible] Road, [illegible], Yopurgha County. No criminal record. Detained on criminal charges by the Yopurgha County Public Security Bureau on December 22, 2018. Formally arrested on December 25, 2018, following approval from the Yopurgha County People's Procuratorate.

3. Defendant Emer Emet, male, Uyghur, DOB: January 1, 1966, ID: 653128196601010611, primary-school graduate, cook, residential address: No. 6 Neighborhood, No. 5 Village, Yekshenbe Bazar, Yopurgha County. No criminal record. Detained on criminal charges by the Yopurgha County Public Security Bureau on December 22, 2018. Formally arrested on December 25, 2018, following approval from the Yopurgha County People's Procuratorate.

4. Defendant Enwer Emet, male, Uyghur, DOB: March 1, 1964, ID: 653128196403010258, high-school graduate, residential address: Apt. 212, Section No. 2, Building No. 1, Yard No. 17, Middle Culture Road [educated guess], [illegible] of the Yopurgha County Central Kindergarten. No criminal record. Detained on criminal charges by the Yopurgha County Public Security Bureau on December 22, 2018. Formally arrested on December 25, 2018, following approval from the Yopurgha County People's Procuratorate.

Following their inspection of this case, the Kashgar Prefecture Public Security Bureau has, via Indictment Proposal No. 442 [2018], sent it to our procuratorate for revision and prosecution on January 3, 2019, on the belief that the actions of defendants Nurnisa Emet, Memet'imin Memet, Enwer Emet, and Emer Emet constitute the crime of assisting in terrorist activities, as defined by Article 120 of the "Criminal Law of the People's Republic of China". After receiving the case materials, our

1



procuratorate notified, in accordance with the relevant rules of the "Procedural Law of the People's Republic of China", the defendants of their relevant rights, in addition to questioning the defendants in accordance with the law. Having reviewed all of the case materials, we had the facts and evidence of the case ascertained and, following a lawful review, it became clear that the defendants have committed the following:

1) The defendants Nurnisa Emet, Memet'imin Emet, Enwer Emet, and Emer Emet, despite already knowing in 2006 that Erkin Emet was a member of a terrorist organization, continued to remain in contact with terrorist organization member Erkin Emet until October 2016.

2) From January 2013 to June 2014, the defendant Nurnisa Emet and her husband Qadir Emet (sentenced) went to Turkey a total of three times for travel, meeting with terrorist organization member Erkin Emet and staying at Erkin Emet's home in Turkey. During this period, they would give to Erkin Emet various monetary and material items, including: a gold ring (4 grams), a dutar, 2000USD, 800RMB, 800RMB on behalf of their older sister Nur'ela Emet (handled in a separate case), 500RMB on behalf of the defendant Memet'imin Emet, 500RMB on behalf of the defendant Enwer Emet, 800RMB on behalf of the defendant Emer Emet, daily-use articles worth a total of 2000RMB. Erkin Emet bought his wife, Esra (Turkish, residing in Turkey), a coin ring worth 500USD, in addition to giving 300USD to her parents (Turkish).

Written evidence, witness testimony, the defendants' confessions and defense, records of identification, and other evidence prove the aforementioned facts.

**The procuratorate deems that:** the actions of the defendants Nurnisa Emet, Memet'imin Emet, Enwer Emet, and Emer Emet constitute the crime of assisting in terrorist activities, as per Article 120 (1) of the "Criminal Law of the People's Republic of China". The facts of the defendants' crime are clear, and the evidence is solid and sufficient. In accordance with Article 176 of the "Procedural Law of the People's Republic of China", we send the indictment to your courthouse so that the defendants may be sentenced in accordance to the law.

Respectfully addressed to:
Kashgar Prefecture Intermediate People's Court

Procurator: Yarqin Ablet
January 10, 2019

**Additional:**
1. The defendants are currently in detention at the Yopurgha County Detention Center.
2. One investigation dossier, one prosecution dossier, a listing of the evidence, and 23 copies of the indictment are included.

2

خىتاي بۇ قېتىم باشقا ۋاقىتتىكىلەردىن پەرقلىق ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىن تەشكىللەپ ئېلىپ چىقىلغان دىنىي زات، ئىچكىرىدە ئىشلىگۈچى ۋە لاگېردىن چىققان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا ئارقىلىق، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئىقتىسادىي كىرىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن زاۋۇت-كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، دىنىي رادىكاللىقنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن لاگېرغا ئۆزى خالاپ بارغانلىقىنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز ئاغزى ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىككە بىلدۈردى.

ئەمما خىتاينىڭ بۇ ھىيلىسمۇ ئىشقا يارىمىدى، فرانسىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ پاختىسىنى شەرقىي تۈركىستانلىقنى مەجبۇرى ئەمگەككە سالدى دەپ قاراپ سېتىۋېلىشتىن چېكىندى[46] ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىشتىن توختىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي پاختا شىركەتلىرى پاختىلىرىنى سېتىپ چىقىرالماي، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى

[46]Le Monde, Franck Riester : « Nous n’avons pas obtenu d’engagements suffisants de la Chine sur l’abolition du travail forcé, 2020-12-23. https://www.lemonde.fr/international/article/2020/12/23/franck-riester-nous-n-avons-pas-obtenu-d-engagements-suffisants-de-la-chine-sur-l-abolition-du-travail-force_6064321_3210.html

بېرىشتە قىينىلىپ قالغاچقا، خىتاي ھۆكۈمىتى تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق پاختا شىركەتلىرىنى يۆلىدى[47] ۋە ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا بېرىش، كېچىكتۈرۈشنى تۈزىتىش يىغىنى ئاچتى[48] ۋە <شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى>نى ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىنىڭ يوقلۇقىنى ئېلان قىلدى. ئەمما شەھەر- بازارلارنى تازىلاش ھەرىكىتى، قىزىل يەڭلىكلەر ئەترىتى نامى بىلەن ئىشچى - دېھقانلارنى ھاشارغا (مەجبۇرى ئەمگەك) سېلىشنى داۋام قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ياش ئوغۇل- قىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامىدا، خىتاينىڭ ئىچكىرى شەھەرلىرىدە ئەرزان ئەمگەك كۈچى قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ ھەمدە بۇنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭمۇ بىر تەدبىرى قىلىۋاتىدۇ.

خىتاي ئۇيغۇرلارغا تېرورچى قالپىقىنى كىيدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سىستېمىلىق باستۇرۇشنى خەلقئارانىڭ تېرورغا قارشى كۈرەش قىلىش پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ <مەھەللەدە تۈزىتىش>(Community Corrections) بىلەن ئەنگلىيەنىڭ <ئۆزگەرتىش ۋە ئۇزاقلاشتۇرۇش> (Desistance and Disengage - ment Programme, DDP)، فىرانسىيەنىڭ <رادىكاللىقنى تۈگىتىش مەركىزى> قاتارلىق ئورۇنلىرىنى <تەربىيلەش لاگېرى>بىلەن بىر قاتارغا قويۇشقا ئۇرۇنۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى، ئەمما 2020 - يىلى 6-ئاينىڭ 17- كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى <ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى>نى ئىمزالاپ رەسمىي ماقۇللاپ، بۇ قانۇن ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي

[47]新浪财经、助力新疆棉花产业高质量发展、2020-07-22 https://finance.sina.com.cn/money/future/roll/2020-07-22/doc-iivhvpwx6903441.shtml

[48]تىيانشان تورى، ئاپتونوم رايون دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى،26-12-2020
http://uy.ts.cn/system/2020/12/26/036543767.shtml

تۈركىستاندا 1 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى خالىغانچە قولغا ئېلىشقا چېتىشلىق ئەمەلدارلارنى جازالايدىغانلىقنى ئېلان قىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ خەلقئارانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىنى توختىتىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ كارى بولمىغان ياكى مۇغەمبەرلىك قىلغان ئىدى، ئەمدى بولسا خەلقئارادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ تېخىمۇ دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ باستۇرۇشقا ۋاستىلىك ئارىلىشىپ قېلىشىنى خالىماي، خىتاي بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىدىكى بەزى كېلىشىملىرىنى بىكار قىلدى، ھەتتا خىتايغا قارىتا جازا قوللاندى.